# كىمكى تۇمار ئېسىۋالىدىكەن ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەن بولىدۇ

ئۇقبە ئىبنى ئامىر ئەل جۇھەنەي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە: پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا بىر توپ كىشىلەر كەلدى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۇلاردىن توققۇز كىشىنىڭ بەيئىتىنى قوبۇل قىلدى، ئەمما ئۇنىنچى كىشىنىڭ بەيئىتىنى قوبۇل قىلمىدى، ئۇلار: ئەي ئاللاھنىڭ رەسۇلى! توققۇز كىشىنىڭ بەيئىتىنى قوبۇل قىلدىڭلا، بۇ كىشىنىڭ بەيئىتىنى قوبۇل قىلمىدىڭلا؟ دېگەندە، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام:«ئۇ كىشى بويىنىغا تۇمار ئېسىۋاپتۇ» دېدى، ئۇ كىشى قولىنى بويىنىغا كىرگۈزۈپ تۇمارنى ئۈزۈپ ئېلىۋەتتى، شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۇ كىشىنىڭمۇ بەيئىتىنى قوبۇل قىلدى ۋە مۇنداق دېدى:«كىمكى تۇمار ئېسىۋالىدىكەن ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەن بولىدۇ».

[ھەسەن] [ئەھمەد رىۋايىتى]

ئون كىشىلىك بىر جامائەت پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كەلدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلاردىن توققۇز كىشىدىن ئىسلامغا ۋە ھەققە ئەگىشىش توغرىسىدا بەيئەت ئالدى، ئونىنچى كىشىنىڭ بەيئىتىنى قوبۇل قىلمىدى، ئۇنىڭ سەۋەبىدىن سورالغاندا، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: ئۇنىڭ بويىندا تۇمار بار ئىكەن دېدى، تۇمار دېگەن: كۆز تېگىش ۋە زىياندىن ساقلىنىش ئۈچۈن بويىنغا ئېسىۋالىدىغان تېرىدىن قاپلانغان ياكى يىپكە تىزىلغان كۆز مۇنچاق دېگەندەك نەرسىلەر. ئۇ كىشى قولىنى بويىنغا كىرگۈزۈپ تۇمارنى ئۈزۈپ ئېلىۋەتتى، شۇ ۋاقىتتا پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۇ كىشىنىڭمۇ بەيئىتىنى قوبۇل قىلدى ۋە تۇمار ئېسىشتىن ئاگاھلاندۇرۇپ ، ئۇنىڭ ھۆكمىنى بايان قىلىپ بىرىپ مۇنداق دېدى: «كىمكى تۇمار ئېسىۋالىدىكەن، ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەن بولىدۇ».

https://www.sunnah.global/hadeeth/ug/show/6762